3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# پاكىت ئارقىلىق شىنجاڭغا ئالاقىدار پىتنە ـ ئىغۋالارغا مەردانىلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىمىز!

## ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى سۈن نەن

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاياللارغا قارىتا مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش تەدبىرى قوللاندىمۇ؟» «شىنجاڭدىكى نەچچە يۈز مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىشلەمچى قول بىلەن پاختا تېرىشكە مەجبۇرلاندىمۇ؟»... يېقىنقى مەزگىلدە گېرمانىيەلىك جۇڭگوغا قارشى ئالىم جېڭ گوئېن ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر قاتار ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «تەتقىقات دوكلاتى» ھەم تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالار توغرىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا 5 ـ مەيدان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبىرى كادىرلىرى ۋە ئامما جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرى بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قارا چاپلاشلارغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىپ، پاكىت ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلىدى.

### «جېڭ گوئېن دېگەن ئالدامچى، ئەمدى يەنە كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ يۈرمە»

«مەن بىزنىڭ كەنتىمىزدىكى نۇرغۇن ئائىلىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئىككىدىن ئۈچكىچە بالىسى بارلىقىنى بىلىمەن، ئەزەلدىن بىركىمنىڭ ‹مەجبۇرىي تۇغماس قىلىنغانلىقى›نى ئاڭلاپ باقمىدىم.» ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاياللارغا قارىتا مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش تەدبىرى قوللاندى» دېگەن پىتنە ـ ئىغۋا توغرىسىدا توختالغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن كەلگەن گۈلبوستان روزى ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ بۇ ئىشتا شىنجاڭغا تۆھمەت قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلالمىدى.

گۈلبوستان روزى مۇنداق دېدى: ھامىلدار بولغاندىن باشلاپ، دوختۇر مېنىڭ ھالىمدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى، ھەر ئايدا دوختۇرخانىغا بېرىپ ھەقسىز تۇغۇت تەكشۈرتۈشى قىلدىم، دوختۇر سۆزلەپ بەرگەن ھامىلدارلىق مەزگىلىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئاڭلىدىم. دۆلەت يەنە بالىلارغا ھەقسىز ۋاكسىنا ئەملىدى، ئوزۇقلۇق بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى.

ھازىر، گۈلبوستان روزىنىڭ چوڭ قىزى، ئىككىنچى قىزى باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇۋېدۇ، ئوغلى يەسلىدە ھەقسىز تەربىيەلىنىدۇ. ھەر كۈنى يەسلىدىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئوغلىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئويۇن ئوينايدۇ. گۈلبوستان روزى ناھايىتى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئۈچ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، ياخشى داشۆدە ئوقۇتۇپ، ياخشى خىزمەتكە ئېرىشتۈرۈش».

«ئۇيغۇرلاردا: ‹ئاسمانغا تاش ئاتساڭ، بېشىڭغا ھېزى بول› دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار. جېڭ گوئېن دېگەن ئالدامچى، ئەمدى يەنە كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ يۈرمە، تاشنىڭ بېشىڭغا چۈشۈشىدىن ھېزى بول» دېدى ئۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى ئېلجان ئانايىت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ھامىلە چۈشۈرۈپ قالغاندا چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغۇتنى تىزگىنلەش، مەجبۇرىي ھامىلدارلىقنى تەكشۈرۈش قاتارلىق قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى يولغا قويۇشنى چەكلىدى، ھەر مىللەت ئامما ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىش ـ قوللانماسلىق، قانداق شەكىلنى قوللىنىپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا بىردەك شەخس ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن قارار قىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ، «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس.

### «ئاشخانا ئېچىپ لوبەن بولىمەن، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن»

تۇرپان شەھىرى پىچان ناھىيەسىدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، خەلچىخان يۈسۈپ ھازىر بىر خوگوخانىنىڭ ئىسمىنا باشلىقى بولدى، ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، مېھمانلارغا ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، غەيرەتنى تولۇپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەسلىدىكى ئۆزى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇ: ھەتتا بالامۇ مەندىن قورقاتتى، دېدى.

«ئىلگىرى، مەن دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مەندە ناھايىتى كۆپ خاتا قاراش پەيدا بولغانىدى. ئاياللارنىڭ مودا كىيىم كىيىشى دىنىي ئەقىدىگە خىلاپ؛ ئاياللار توي مۇراسىمدا توي كۆڭلىكى كىيسە بولمايدۇ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىسا بولمايدۇ، دەپنە مۇراسىمدا يىغلىسا بولمايدۇ، دەپ قارايتتىم. ئاستا ـ ئاستا مەن باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالىمايدىغان بولدۇم، مىجەزىممۇ ئوساللىشىپ كەتتى، بالامۇ ماڭا يېقىنلىششنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى.» خەلچىخان يۈسۈپ مۇنداق دېدى: دورا يېگەندىمۇ «مۇسۇلمانچە» ياكى «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ ئايرىيدىغان بۇنداق كۈلكىلىك ئىش ئىلگىرى مەندىمۇ كۆرۈلگەن.

«تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىشتىن ئىلگىرى، بىر قېتىم قىزىمنىڭ قىزىتمىسى 39.5 سېلسىيە گرادۇسقا چىقتى، ئېرىم دورا سېتىۋالغىلى بارماقچى بولغاندا، مەن قوشۇلماي، ئۇ دورىلار ‹مۇسۇلمانچە ئەمەس› دېدىم، مۇشۇ ۋەجىدىن ئېرىم بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدىم، ئېرىم خېلى ئۇزاققىچە ماڭا قىيداپ يۈردى.» تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى دەرسخانىدا بۇ ئىش تىلغا ئېلىنغاندا، خەلچىخان يۈسۈپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ يىغلاپ، بالىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، «مۇئەللىم ماڭا تەسەللى بېرىپ، ماڭا ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئېرىم ۋە بالامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئېيتتى».

ئاتالمىش «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەربىيەسى بېرىش تەدبىرى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان سىياسىي قايتا تەربىيە ھەرىكىتى» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق سۆزگە قارىتا، خەلچىخان يۈسۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، بالىسىمۇ ئۇنى ئۆزگىرىپتۇ دەپ، ئۇنىڭدىن ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۇنداق قورقمايدىغان بولدى، ئۆيدىمۇ كۈلكە ئاۋازى ياڭرايدىغان بولدى. خەلچىخان يۈسۈپ يەنە ئۆگەنگەن ماھارىتى بىلەن رېستوراندىن بىر كىشىلىك خىزمەت تاپتى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ياخشى ئىشلەپ، تېرىشىپ پۇل تاپىمەن، مەنمۇ بىر رېستوران ئېچىپ لوبەن بولۇپ، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن» دېدى خەلچىخان يۈسۈپ.

### «بىزنى ئىلگىرىكى نامرات كۈنلەرگە قايتۇرۇپ كېتىشكە بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز!»

«مەن چېگرا سىرتىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭنى دېھقانلارنى كېۋەز تېرىشقا، پاختا تېرىشكە مەجبۇرلىدى، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇ پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك! بىز ئۆزىمىزنىڭ يېرىنى تېرىساق، ئۆزىمىزنىڭ پاختىسىنى يىغىۋالساق، ئۆزىمىز ئۈچۈن پۇل تاپساق، بۇنى قانداقمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش دېگىلى بولسۇن؟» ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى نەچچە يۈز مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىشلەمچى قول بىلەن پاختا تېرىشكە مەجبۇرلاندى» دېگەن بىمەنە سەپسەتە توغرىسىدا توختالغاندا، ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا شەھىرىدىن كەلگەن پاختىكار مىجىت ھېمىت بۇنىڭغا بەك ھەيران قالدى.

مىجىت ھېمىت ئائىلىسىنىڭ 300 مو يېرى بار بولۇپ، ئاساسلىقى كېۋەز تېرىيدۇ. «ئالدىنقى يىللاردا، پاختا تېرىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئائىلىمىزدە ئادەم يېتىشمىسە، بىز پۇل خەجلەپ شىنجاڭدىكى ۋە ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن پاختا تەرگۈچىلەرنى ياردەمگە تەكلىپ قىلاتتۇق. ئۇلار ئىككى ئايدىلا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايتتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تالىشىپ كېلەتتى، بۇ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقمۇ؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

«شىنجاڭدا ھېلىمۇ 70% پاختا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ يىغىۋېلىنىدۇ» دېگەندەك پىتنە ـ ئىغۋالارغا قارىتا مىجىت ھېمىت مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز ماشىنا بىلەن يىغىۋالىمىز، ماشىنىدا پاختا يىغىشنىڭ تەننەرخى تېخىمۇ تۆۋەن، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى، ئائىلىمىزنىڭ پاختىسى بىر كۈنگە قالمايلا يىغىپ بولۇنىدۇ، ئۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ قول بىلەن تېرىشى ھاجەتسىز».

«پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقان ئاشۇ كىشىلەر ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىمىزنى قوغدىمايدۇ، بەلكى دېھقانلارنىڭ پاختىسىنى يەردە سېسىتىۋەتمەكچى، ئۇلار بىز دېھقانلارنىڭ تاماق قاچىسىنى چېقىۋېتىپ، بىزنى قىلىدىغان ئىشى يوق، يەيدىغان تامقى يوق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىلگىرىكى نامرات كۈنلەرگە قايتۇرۇۋەتمەكچى، بىز بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايمىز!» دېدى ئۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى شۈ گۈيشياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئاللىبۇرۇن يۇقىرى دەرىجىدە ماشىنىلاشقان بولۇپ، ھەرقانچە ئالدىراش بولغان پاختا يىغىش پەسلىدىمۇ، نۇرغۇن «پاختا تەرگۈچى»گە ئېھتىياجلىق ئەمەس؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرىدىن ھازىرغىچە، شىنجاڭدا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە پاختا يىغىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا ئەسلا ئېھتىياج يوق. گەرچە پاختا تېرىش ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن كېۋەز تېرىغۇچى ئائىلىلەر يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇنى ھەل قىلغاچقا، يەنە كېلىپ كىرىمى يۇقىرى بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پاختا يىغىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

«بىز ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جازا توقمىقىنى پۇلاڭلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىغا، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.» شۈ گۈيشياڭ مۇنداق دېدى: ھازىر، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ، پۈتۈن دۇنياغا ئايان، جېڭ گوئېندەك مۇشۇنداق «ئىلىم لۈكچەكلىكى» بۇنى ھەرگىزمۇ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، «جېڭ گوئېننىڭ ئاتالمىش ‹تەتقىقات دوكلاتى› جەزمەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەن ـ تېخنىكىسى يىجۇاڭ ئاقىل باغچە رايونى تۇنجى ھاسىلىي ئېنېرگىيەدە كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، خۇددى باھاردا ئېچىلغان تۇنجى يۇمران بىخقا ئوخشاش، بىزگە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىكى قويۇق يېشىللىقنى ھېس قىلدۇردى.

ھاسىلىي ئېنېرگىيە كەسپىدىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، شامال ئېلېكتىر كارخانىسى جىنفېڭ پەن ـ تېخنىكىسى ئېرىشكەن بۇ گۇۋاھنامە بىزگە ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى ئىلمىي ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ كاربون قويۇپ بېرىشنى چوقۇقا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىپ بەردى. تۇرمۇشتا يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىش، سانائەت ساھەسىدە يېشىل ياسىمچىلىقنى ئالغا سىلجىتىشتا تېگى ـ تەكتىنى ئېنقىلاش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاچقۇچلۇقى پاكىز، تۆۋەن كاربونلۇق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش. ھالبۇكى شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن ئىبارەت بۇ تۈردىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش دائىرىسى كەڭ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان پاكىز ئېنېرگىيە ئېنىقكى يېڭى ئېنېرگىيە سىستېمىسىدىكى مۇھىم تۈۋرۈككە ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ شامال ئېنېرگىيەسى ھەم قۇياش ئېنېرگىيەسى بايلىقى مول، شامال ئېلېكتىر ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئېنېرگىيەنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ 2030 ـ يىلدىن بۇرۇن كاربون قويۇپ بېرىشنى چوقۇقا قىممەتكە يەتكۈزۈش، 2060 ـ يىلدىن بۇرۇن كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ.

«تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل»، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ «شامال» ۋە «يورۇقلۇق» كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزىرە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قالدى. بىز پەقەت بۇ «شامال» ۋە «يورۇقلۇق»تىن ياخشى پايدىلانساقلا، ئەۋلادلارغا قويۇق يېشىللىق قالدۇرالايمىز، گۈزەل تاغ، گۈزەل دەريا، گۈزەل مەنزىرە قالدۇرالايمىز.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئونىڭ جىنايى سۇيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ تۇرپان شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شىرئەلى مەخسۇت

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەز بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچەم ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان، پارتىيە ۋە خەلق مېنى بېقىپ ئۆستۈردى، مېنى تەربىيەلىدى. 2017 ـ يىلى، مەن ئىدىقۇت رايونىنىڭ چاتقال يېزىسى بەخت كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزا خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى تېخىمۇ ھەقىقىي ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ مائارىپ جەھەتتە، ئوقۇش يېشىدىكى ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى، كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولدى، تەربىيەلىنەلەيدىغان بولدى، ماھارەت يېتىلدۈرەلەيدىغان بولدى. ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوينىدا ياشاۋاتقان بالىلار تولىمۇ بەختلىك. مەن شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولغان ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاق، دوستانە، ئىناق ئۆتۈپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەڭ بۇۋاستە، ئەڭ ھەقىقىي تەسىراتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندۇق، كەنتىمىزدىكى 40 ئائىلىدىكى 148 نامرات ئامما قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىندى، «بەشنى راۋاجلاندۇرۇش، يەتتە بولۇش»نىڭ ھەممىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. بىز يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى داۋالاش ـ سەھىيە، ئىجتىمائىي كاپالەت، مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش قاتارلىق جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئاممىۋى مۇلازىمەتكە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدۇق. بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدۇق.

ھازىرقى شىنجاڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئىتتىپاق، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ ئىناق، ھەر مىللەت خەلق شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ۋە گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان گۈزەل ۋەزىيىتنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراۋاتىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويىيالمايدۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن جىنايى سۇيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# پومپېئونىڭ نومۇسسىز يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە قەتئىي رەددىيە بېرىمەن

□ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى دىلمۇرات باتۇقان

پومپېئو ئېلان قىلغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «بايانات»تا پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلدى، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقاردى، ئۇنىڭ مەقستى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

مەن نىلقا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، مەن تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيمەن. دادام دائىم ماڭا ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى: «ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئىلى پۇقرالىرى قورسىقى تويمايدىغان، كىيىمى پۈتۈن بولمايدىغان كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى، ئۇ چاغلاردا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى، دوختۇر كەمچىل، دورا ئاز ئىدى، نۇرغۇن كىچىك بالىلار مەكتەپتە ئوقۇيالمايتتى، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىزنى ئازاد قىلغاچقا، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئۆزگەردى.» ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنى ئەسلىسەم، ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزۈمنى ناھايىتى تەلەيلىك ھېس قىلىمەن، كىچىكىمدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم، ياخشى مائارىپنى قوبۇل قىلدىم. دۆلىتىمىز ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭا مەن شىخەنزە تېببىي شۆيۈەندە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، كېيىن يەنە شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنى (ھازىرقى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى)نىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇپ، بىر مۇدىر ۋىراچ، پروفېسسور بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەگەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستى بولمىسا، تەشكىلنىڭ يېتىشتۈرۈشى، تەربىيەلىشى بولمىسا، مېنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشۇم بولمايتتى.

بىر تېببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردۈم، ئاممىۋى سەھىيە ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىكنى قاپلىغان ئاساسىي قاتلام سەھىيە ـ داۋالاش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى، يېزا ـ كەنتلەرگە يېتەرلىك تېببىي خادىم سەپلىنىپ، ئاممىنىڭ «يېنىك كېسەل بولسا يېزىدىن چىقماسلىق، ئېغىر كېسەل بولسا ناھىيەدىن چىقماسلىق»ى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ. مەن پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن